# 14525 ـ مۇئمىنلەر جەننەتتە پەرۋەردىگارىنى كۆرەمدۇ ؟

### سۇئال

مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارىنى كۆرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغانمۇ ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ . ئاللاھ بۇدۇنيادا مۇئمىنلەرگە زىيادە نېئمەتلەرنى خاس قىلدى . يەنى ، ئۇ ئۇلارغا ئىسلامنى نېئمەت قىلىپ بەردى ، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن يېتەكلىنىشكە تاللىدى ھەمدە ئۇلارغا جەننەتتە ئۇلارغىلا بېرىلىدىغان كاتتا نېئمەتلەرنى خاس قىلىدۇ . ئۇ بولسىمۇ ، ئەدىن جەننىتىدە ئاللاھنىڭ مۇقەددەس يۈزىگە قاراش شەرىپى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىش .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ئۇ كۈندە يۈزلەر نۇرلۇق بولىدۇ . پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ . [ قىيامەت : 22–23 ]

يەنى ، مۇئمىنلەرنىڭ يۈزلىرى پەرۋەردىگارىنىڭ يۈزىگە قاراش بىلەن گۈزەللىشىدۇ ،پارقىرايدۇ ، خۇشال بولىدۇ . ھەسەن( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم ـ شەپقەت قىلسۇن ) مۇنداق دىگەن : " پەرۋەردىگارىغا قارايدۇ ـ دە ، ئۇنىڭ نۇرى بىلەن نۇرلىنىدۇ ".

ئىبنۇ ئەبباس مۇنداق دىگەن : " ئۇ كۈندە بەزى يۈزلەر نۇرلىنىدۇ . يەنى ، نېئمەتلەردىن نۇرلىنىدۇ . پەرۋەردىگارىغا قارايدۇ . يەنى ، پەرۋەردىگارىنىڭ يۈزىگە قارايدۇ . ھەمدە بۇ بولسا سۈننەت ۋە ھەدىس ئالىملىرىدىن بولغان تەفسىرشۇناسلارنىڭ سۆزى .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : جەننەتتە ئۇلارغا خالىغان نەرسىلەر بار ۋە بىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا (ئۇلارغا) زىيادە (نېئمەت) بار. [ قاف : 35 ]

بۇ يەردىكى زىيادە نېئمەت : ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ يۈزىگە قاراش . بۇنى ئەلي ، ۋە ئەنەس بىن مالىك شۇنداق تەپسىر قىلغان .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : بەلەن قىلغۇچىلارغا ياخشى نەرسە ۋە زىيادىسى بار . [ يۇنۇس : 26 ]

ياخشى نەرسە – جەننەت ، زىيادىسى بولسا ھۆرمەتلىك ئاللاھنىڭ يۈزىگە قاراش . بۇنى ئاللاھ ئەلچىسى( ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) شۇنداق تەپسىر قىلغان . مۇسلىم سەھىيھدە(266) سۇھەيبتىن نەقىل قىلىدىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : « جەننەت كىشىلىرى جەننەتكە كىرگەندە ، ئاللاھ دەيدۇ : يەنە بىر نەرسىنى خالىساڭلار ، زىيادە قىلىپ بېرىمەن . ئۇلار : " يۈزلىرىمىزنى يورۇق قىلمىدىڭمۇ ؟ بىزنى جەننەتكە

كىرگۈزمىدىڭمۇ ؟ ئوتتىن قۇتقازمىدىڭمۇ ؟ " دەيدۇ . ئاندىن پەردە كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا پەرۋەردىگارىغا قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈك بىر نەرسە بېرىلمىگەن . ئەنە شۇ زىيادە مۇشۇ . ئاندىن بۇ ئايەتنى : بەلەن قىلغۇچىلارغا ياخشى نەرسە ۋە زىيادىسى بار . تىلاۋەت قىلدى .

شۇڭا ، جەننەت كىشىلىرىگە ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارىنىڭ يۈزىگە قاراشتىنمۇ بەكراق ئۇلارغا ياقىدىغان نەرسىنىڭ بېرىلمەيدىغانلىقىنى بىلگىنىڭلەردە ، ئاللاھ مۇنۇ سۆزى: ئۇنداق ئەمەس ، جەزمەنكى ئۇلار ئۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن پەردىلىنىدۇ . [ مۇتەففىفىين( كەم بەرگۈچىلەر) : 15 ] بىلەن ئاگاھلاندۇرغان گۇناھكارلارنى كۈتنۈاتقان زىيان ۋە مەھرۇملۇقنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقى سىزگە ئايدىڭ بولىدۇ . ئاللاھتىن ئامان-ئىسەنلىكنى سورايمىز .

شافىئىينىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان رەبىئى بىن سۇلەيماننىڭ شافىئىيدىن نەقىل قىلغان سۆزلەر نىمىدىگەن گۆزەل-ھە !

ئۇ مۇنداق دىگەن : " مەن مۇھەممەد بىن ئىدرىيس شافىئىينىڭ قېشىدا ئىدىم . ئۇ ئۈستۈنكى مىسىردىن بىر خەت تاپشۇرۋالدى . ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى : " ئۇنداق ئەمەس ، جەزمەنكى ئۇلار ئۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن پەردىلىنىدۇ . دىگەن ئايەت ھەققىدە نىمە دەيسەن ؟ " شافىئىي مۇنداق دىدى : " چۈنكى بۇلار غەزەپ ئىچىگە پەردىلىنىدۇ . بۇ بولسا ئاللاھنىڭ يېقىنلىرىنىڭ( ئەۋلىيالىرى) ئۇنى رازىلىق ئىچىدە كۆرىدىغانلىقىغا دەلىل . "

بۇ بولسا مۇئمىنلەرنىڭ جەننەتتە پەرۋەردىگارىنى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان قۇرئاندىكى دەلىللەرنىڭ بىر قىسمى .

ئەمما سۈننەت دەلىللىرىگە كەلسەك ، ئۇلار ناھايىتى جىق . مەسىلەن :

1- بۇخارىي (6088) ، مۇسلىم ( 267) نەقىل قىلغان ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ ھەدىيسىدە ، كىشىلەر : " ئى ئاللاھ ئەلچىسى ، بىز قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرەمىزمۇ ؟ " دىدى . ئاللاھ ئەلچىسى : سىلەر تولۇن ئاي كېچىسى ئاينى كۆرۈشتىن شەكلىنەمسىلەر ؟ دىدى . ئۇلار : " ياق ! ئى ئاللاھ ئەلچىسى . " دىدى . ئۇ : سىلەر ھىچقانداق بۇلۇت يوق چاغدا ، قۇياشنى كۆرۈشتىن شەكلىنەمسىلەر ؟ دىدى . ئۇلار : " ياق ! " دىدى . ئۇ : سىلەر ئۇنى ئاشۇنداق كۆرىسىلەر . دىدى . يەنە بىر نەقىلدە : سىلەر ئۇنى كۆرۈش توغرىسىدا ھىچقانداق شەكلەنمەيسىلەر ياكى تالاشمايسىلەر . ھەمدە ئۇنى كۆرۈش سىلەرگە ھىچقانداق مۇشەققەت ياكى ھارغىنلىق كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ . ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ . دىيىلىدۇ . مۇسلىمنىڭ شەرھىيسىدىن يىغىنچاقلاپ ئېلىندى .

2- ئىككى سەھىيھتە (بۇخارىي (6883 )،مۇسلىم (1002 )) نەقىل قىلىندىكى ، جەرىير بىن ئابدۇللاھ بەجەلىي مۇنداق دىگەن : " بىز پەيغەمبەرنىڭ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) يېنىدا ئولتۇراتتۇق . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئون تۆتىنچى كېچىدىكى ئايغا قارىدى-دە ئاندىن : سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى بۇ ئاينى كۆرگىنىڭلاردەك ، ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈسىلەر . ئۇنى كۆرۈۋاتقىنىڭلارغا شەكلەنمەيسىلەر . دىدى .

3- بۇخارىي( 4500) ، مۇسلىم( 6890) ئەبۇ مۇسادىن نەقىل قىلدىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)مۇنداق دىگەن : ئىككى كۈمۈش باغ ، ئۇنىڭ قاچا-قۇچىلىرى ھەم بارلىق نەرسىلىرىمۇ ھەم . ئىككى ئالتۇن باغ ، ئۇنىڭ قاچا-قۇچىلىرى ھەم بارلىق نەرسىلىرىمۇ ھەم . ھەمدە كىشىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنى كۆرۈش ئوتتۇرىسىدا ئەدىن جەننىتىدە ئۇنىڭ يۈزىنى يۇشۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش پەردىسىدىن باشقا نەرسە قالمايدۇ .

ئاللاھنى كۆرۈش توغرىسىدىكى ھەدىيسلەر ئوتتۇزغا يىقىن ساھابە تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان . ئۇلارنى ئۆگەنگەن كىشى ، پەيغەمبەرنىڭ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئۇنى دىگەنلىكىنى جەزمەن بىلىدۇ .

شۇڭلاشقا ، مۇشۇنىڭدىن كىيىن ئاخىرەت كۈنى ھىچكىم ئاللاھنى كۆرمەيدۇ دەپ بىلجىرلىسا ئۇ قۇرئاننى ، ھەمدە ئاللاھ ئەلچىلىرى بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىنى يالغانغا چىقارغان بولىدۇ ھەمدە ئۆزىنى ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدە كەلگەن قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ : ئۇنداق ئەمەس ، جەزمەنكى ئۇلار ئۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن پەردىلىنىدۇ . [ مۇتەففىفىين( كەم بەرگۈچىلەر) : 15 ]

ئاللاھتىن ئامان-ئىسەنلىكنى سورايمىز ، ئۇنىڭدىن بىزگە مۇقەددەس يۈزىگە قاراشقا نىسىپ قىلىشىنى سورايمىز ... ئامىين !

[ تەھاۋىييە ئەقىدىسىنىڭ شەرھىسى ، 1209 ۋە ئۇنىڭ كەينى . پىشىۋا ھافىز ھەكەمىينىڭ ئەئىلام سۈننەتۇل مەنشۇرە 141ب غا قاراڭ . ]